بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى گېزىتى

ئىسلام ئاۋازى ISLAM AWAZI

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

62- سان

قوش ھەپتىلىك گېزىت

ھىجرىيە: 1440/07/22

مىلادىيە: 2019/03/29

http://www.muhsinlar.com t.me/@eserler t.me/@islamawazi

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْمُشْرِكُونَ نَجَسٌ فَلَا يَقْرَبُوا الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ بَعْدَ عَامِهِمْ هَذَا وَإِنْ خِفْتُمْ عَيْلَةً فَسَوْفَ يُغْنِيكُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ إِنْ شَاءَ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! مۇشرىكلار (اللهنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9- يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدىل ھەرامغا يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن). ئەگەر سىلەر (ئى مۇئمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار، الله خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، الله (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (سۈرە تەۋبە 28- ئايەت).

## ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

«ئەگەر سىلەر (ئى مۇئمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى مۇنداق: ئىبنى ئەبى ھاتەم رحمه الله ئىبنى ئابباس رضي الله عنهدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلار بەيتۇللاھقا كىرىشەتتى. ئۇلار بەيتۇللاھقا كەلگەندە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن يېمەكلىك ۋە ئاشلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. الله تعالى ئۇلارنى بەيتۇللاھقا كىرىشتىن چەكلىگەندە، مۇسۇلمانلار: <ئەمدى بىزگە تائام نەدىن كېلەر؟> دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن الله تعالى بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: <ئەگەر سىلەر (ئى مۇئمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار، الله خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ>» («التفسير المنير»دىن ئېلىندى).

يەنە ئىبنى جەرىر تەبەرى ئىبنى ھەييان ئەنسارى ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «<مۇشرىكلار پەقەت نىجىستۇر> دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ، مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلدى ۋە: <ئۇنداقتا بىزگە يېمەكلىك، ئاشلىق ۋە تىجارەت ماللىرىنى كىم ئېلىپ كېلىدۇ؟> دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تعالى: <ئەگەر سىلەر (ئى مۇئمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار> دېگەن بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى» («التفسير المنير»دىن ئېلىندى).

## بۇ ئايەتنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

پەيغەمبەر ﷺ ھىجرەتنىڭ 9- يىلى ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنهنى مەككە مۇشرىكلىرىغا بارائەت سۈرىسىنىڭ ئەۋۋىلىنى (يەنى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ مۇشرىكلاردىن ئادا- جۇدا ئىكەنلىكىنى) ئوقۇپ بېرىشكە ۋە ئۇ مۇشرىكلار بىلەن تۈزگەن تىنچلىق ئەھدىسىنى ئۈزۈلىرىگە تاشلاپ بېرىشكە بۇيرۇغان چاغدا بىر تۈركۈم كىشىلەر: «ئى مەككە ئەھلى! سىلەر قاتتىق چېلىقىنى ئەمدى بىلىپ قالىسىلەر، چۈنكى يوللار كېسىلىدۇ، مەككىگە كېلىدىغان تىجارەت ماللىرى ۋە ئاشلىقلار يوقىلىدۇ» دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن مانا بۇ ئايەت بۇ شۈبھىنى يوقىتىش ئۈچۈن نازىل بولدى.

## ئايەتنىڭ تەپسىرى

ئى الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرگۈچى مۇئمىنلەر! ھەقىقەتەن مۇشرىكلار نىجىستۇر. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇقتۇر. ئۇلار نىجاسەتكە شۇڭغۇپ كەتكۈچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ نىجىسلىقى، ياكى ئۇلارنىڭ بۇتلارغا ۋە ھەرخىل ساختا تاغۇت، مەبۇدلارغا قۇلچىلىق قىلغانلىق سەۋەبلىك ئەقىدىسىنىڭ بۇزۇق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر، ياكى يىراق تۇرۇشىمىز پەرز بولغان نىجاسەتكە ئوخشاش «شېرىك» دېگەن نەرسىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبتىندۇر، ياكى ئۇلار جۇنۇپ بولۇپ قالغاندا جۇنۇپلۇقتىن پاكلانمايدىغان، يۇيۇنمايدىغان ۋە ھېسسىي نىجاسەت (مەسىلەن، چوشقا، ئىت، چوڭ- كىچىك تەرەتنىڭ يۇقۇندىلىرى دېگەندەك...) لەردىن ساقلانمايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇلار مۇشۇنداق نىجىس بولغانلىقى ئۈچۈن مەسجىدىل ھەرامغا كىرمىسۇن ۋە مەسجىدىل ھەرامنى يالىڭاچ ھالەتتە ئايلانمىسۇن. مانا بۇ — مۇئمىنلەرگە قىلىنغان ھىجرەتنىڭ 9- يىلىدىن تارتىپ مۇشرىكلارنىڭ مەسجىدىل ھەرامغا كىرىشىنى چەكلەش بۇيرۇقىدۇر.

الله تعالىنىڭ «مۇشرىكلار نىجىستۇر» دېگەن بۇ سۆزى خاسلاشنى (يەنى «مۇشرىكتىن باشقىسى نىجىس ئەمەس، نىجىسلىق پەقەت مۇشرىكقا خاس» دېگەن مەنىنى) ئۇقتۇرىدۇ. كۆپلىگەن ئالىملار: «بۇ يەردىكى <مۇشرىكلار> دېگەندىن مەقسەت — <بۇتقا چوقۇنغۇچىلاردۇر>» دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «<مۇشرىكلار> دېگەن بۇ سۆز (ئەھلى كىتاب مۇشرىك بولسۇن، بۇتپەرەس مۇشرىك بولسۇن) كۇففارلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى — الله تعالىنىڭ: <الله ھەقىقەتەن اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ> (سۈرە نىسا 48- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزىدۇر» دەيدۇ. مانا بۇ كۈچلۈك كۆزقاراشتۇر.

«مۇشرىكلار نىجىستۇر» دېگەن ئايەتتىكى «نىجىس» دېگەندىن مەقسەت — مەنىۋى (يەنى ئېتىقادىي جەھەتتىكى) نىجىسلىقتۇر. زەمەخشەرى رحمه الله ئىبنى ئابباس رضي الله عنهدىن نەقىل قىلىپ: «مۇشرىكلارنىڭ جىسمى (بەدىنى) ئىت، توڭگۇزلارغا ئوخشاش نىجىستۇر، چۈنكى ئايەتنىڭ زاھىرى مۇشۇنى ئۇقتۇرىدۇ» دېگەن، لېكىن جۇمھۇر ئۆلىمالار مۇشرىكلارنىڭ بەدەنلىرىنىڭ پاك ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقا كېلىشكەن، شۇڭلاشقا مۇشرىك ياكى كاپىرنىڭ ئۆزى نىجىس ئەمەس ئەقىدىسى نىجىستۇر، چۈنكى الله تعالى ئەھلى كىتابنىڭ تامىقىنى ھالال قىلىپ بەرگەن.

«مەسجىدىل ھەرام» دېگەندىن مەقسەت — ئەتا ۋە شافىئىي مەزھىپىدىكى ئالىملارنىڭ نەزىرىدە ھەرەمنىڭ ھەممىسى «مەسجىدىل ھەرام» دېيىلىدۇ. ئەمما مالىكىي مەزھىپىدىكى ئالىملار: «الله تعالىنىڭ بۇ ئايەتتە <ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن> دەپ مەسجىدىل ھەرامنى خاس قىلىشى بولسا ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىدۇر» دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەر: «بۇ يەردىكى مەقسەت مەسجىدىل ھەرامغا كىرىشتىن توسۇش ئەمەس پەقەت مۇشرىكلارنىڭ ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشىنى توسۇش، كىرسە بولىدۇ لېكىن ھەج ۋە ئۆمرە قىلسا بولمايدۇ. الله تعالى ئۇلارنى خۇددى جاھىلىيەتتە ھەج، ئۆمرە قىلغاندەك ھەج، ئۆمرە قىلىشتىن توسقان، ھەرگىزمۇ مەسجىدىل ھەرامغا كىرىشتىن توسقان ئەمەس. بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ <مۇشۇ يىلدىن كېيىن> دەپ كەلگىنى <ھىجرەتنىڭ 9- يىلىدىن كېيىن ئۇلار ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن> دېگەنلىك بولىدۇ ۋە شۇنداقلا ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه بارائەت سۈرىسىنى تۇۋلىغاندا: <ئاگاھ بولۇڭلار! بىلىپ قويۇڭلاركى، مۇشۇ يىلدىن تارتىپ مۇشرىك ھەج قىلمايدۇ> دېگەن» دەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەر: «الله تعالىنىڭ: <ئەگەر سىلەر پېقىرلىقتىن قورقساڭلار> دېگەن سۆزى شۇنىڭغا دەلىلكى، پېقىرلىقتىن قورقۇش مۇشرىكلارنىڭ ھەج، تاۋاپ ۋە ئۆمرە قىلىش مەۋسۇملىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىق سەۋەبىدىن بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەج ۋە ئۆمرىدىن چەكلەنگەن. گەرچە مۇشرىكلار مەسجىدىل ھەرامغا كىرمىسىمۇ مەسجىدىل ھەرامنىڭ ئەتراپىدا ھەج قىلىش، تاۋاپ قىلىش دېگەن نەرسىلەردىن چەكلىنىدىغانلىقىدا پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقا كەلگەن» دەيدۇ.

«شۈبھىسىزكى، الله (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر». يەنى، ھەقىقەتەن الله تعالى سىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان، بارلىققا كېلىدىغان «باي- كەمبەغەللىك» دېگەن ئىشلارنى بىلگۈچىدۇر. الله تعالى سىلەرگە تۈزگەن قانۇنلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. مەسىلەن، مۇشرىكلارنىڭ ئەھدىلىرى تۈگىگەندىن كېيىن مۇشرىكلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا بۇيرۇش ۋە مۇشرىكلارنىڭ ھىجرەتنىڭ 9- يىلىدىن كېيىن مەسجىدىل ھەرامغا يېقىنلىشىشتىن چەكلىنىشى دېگەندەك اللهنىڭ قانۇنلىرىدا الله ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر. الله تعالى يەنە بەندىلەرگە رىزقىنى ئاتا قىلىش ۋە توسۇپ قويۇشتا ھەم ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر، چۈنكى الله تعالى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىش- ھەرىكەت ۋە سۆزلىرىدە كامىل بولغان، يارىتىشى، بۇيرۇق- پەرمان قىلىشى ۋە قانۇن چىقىرىشىدا ئادىل بولغان زاتتۇر. مانا بۇ كەلگۈسىدىكى غەيب ھەققىدىكى خەۋەرلەردۇر. بۇ خەۋەر ھەقىقەتەن ئەينى زاماندا رويابقا چىقتى. الله تعالى ئۆزىنىڭ بۇ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. مەسىلەن، يەمەن ئەھلى، جىددە ئەھلى، جەرش ئەھلى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خەلقلەر مۇسۇلمان بولۇشتى. ئۇلار تائاملارنى مەككىگە ئېلىپ كېلىشتى. مۇشرىكلارمۇ ھەم مۇسۇلمان بولۇشتى. ئۇلاردىن ھەرەمدىن چەكلىنىدىغان ھېچقانداق كىشى قالمىدى. ئۇلارغا ھەرقايسى جايلاردىن بايلىقلار، مال- مۈلۈكلەر ۋە ئاشلىقلار كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارغا نۇرغۇن غەنىيمەتلەر ۋە زىممە ئەھلىدىن ئالىدىغان نۇرغۇن جىزىيە، پۇل- ماللار چۈشتى.

## يۇقىرىقى ئايەتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، مۇشرىكنىڭ نىجىس ئىكەنلىكى، مۇئمىننىڭ پاك ئىكەنلىكى. شۇنىڭ ئۈچۈن مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىپىدىكى ئالىملار: «كاپىر مۇسۇلمان بولغان چاغدا يۇيۇنۇش ۋاجىب بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. شافىئىي مەزھىپىدىكى ئالىملار بولسا: «يۇيۇنۇشى مۇستەھەپ، يۇيۇنۇشى ماڭا سۆيۈملۈك. مەن كاپىرنىڭ مۇسۇلمان بولغان چاغدا يۇيۇنۇشىنى ياخشى كۆرىمەن» دەيدۇ. ئەبۇ ھاتەم بۇستىي دېگەن ئالىم ئۆزىنىڭ «المسند الصحيح» كىتابىدا شۇنداق دەيدۇكى: «پەيغەمبەر ﷺ بىر كۈنى سۇمامە ئىبنى ئۇسال دېگەن كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى، ئاندىن ئۇ مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئەبۇ تەلھە رضي الله عنهنىڭ بېغىغا ئەۋەتتى ۋە ئۇنى يۇيۇنۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ يۇيۇنۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ساھىبىڭلار سۇمامىنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى گۈزەل بولدى> دېدى». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ مۇشۇ مەنىدە نەقىل قىلغان. شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ قەيس ئىبنى ئاسىم رضي الله عنهنىمۇ سىدر دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىلاشقان سۇ بىلەن يۇيۇنۇشقا بۇيرۇغان.

ئىككىنچى، مۇشرىكنىڭ مەسجىدىل ھەرامغا كىرىشتىن چەكلەنگەنلىكى. «مەسجىدىل ھەرام» دېيىشتىن مەقسەت — ئىمام شافىئىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە مەككىنىڭ جىمى دائىرىسى، مەيلى مەسجىدىل ھەرام بولسۇن ياكى مەسجىدتىن باشقا يەرلەر بولسۇن ھەممىسى «مەسجىدىل ھەرام» دېيىلىدۇ، شۇڭا كاپىر ھەرەم (يەنى مەككە)گە كىرىشتىن چەكلىنىدۇ. ئىمام شافىئىي: «بۇ ئايەت جىمى مۇشرىكلار ھەققىدە ئومۇمىيدۇر، مەسجىدىل ھەرامغا كىرىشتىن چەكلىنىشى بولسا خاستۇر. مۇشرىكلار مەسجىدىل ھەرامدىن باشقا مەسجىدلەرگە كىرىشتىن چەكلەنمەيدۇ. خۇددى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ زامانىسىدا سۇمامە ئىبنى ئۇسال ۋە ئەبۇ سۇفيان مۇشرىك تۇرۇپ مەسجىدكە كىرسە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى چەكلىمىگەندەك ھازىرمۇ چەكلەنمەيدۇ» دەيدۇ. مالىكىي مەزھىپىدىكى ئالىملار بولسا: «بۇ ئايەت جىمى مۇشرىكلار ۋە جىمى مەسجىدلەر ھەققىدە ئومۇمىي ئايەتتۇر، لېكىن كاپىر ئۆزرىلىك بولغان چاغدا مەسجىدگە كىرسە مەيلى. مەسىلەن، (مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارىدا جىزىيە تۆلەپ ئامانلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان) زىممى كاپىر مۇسۇلمان ھاكىمنىڭ ئالدىغا قازىلىق (سوت) ئىشلىرى ئۈچۈن مەسجىدكە كىرگەن بولسا، ئۆزرىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن دۇرۇس، ئۆزرىسىز ھالەتتە مەيلى مەسجىدىل ھەرام بولسۇن ياكى باشقا مەسجىدلەر بولسۇن كىرىش دۇرۇس ئەمەس» دەيدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رحمه الله مانا بۇ كۆزقاراشنى قوللاپ، ئۆزىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ۋالىيلىرىغا مۇشۇنداق خەت يازغان ھەم مۇشۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن. الله تعالىنىڭ: «اللهنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە، ئۆيلەردە» (سۈرە نۇر 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايىتى ھەم ئۇلارنىڭ بۇ كۆزقاراشلىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. يەنى كاپىرلارنىڭ بۇ مەسجىدلەرگە كىرىشى — «الله ئۇلۇغلىنىشقا بۇيرۇغان مەسجىدلەر، ئۆيلەر» دېگەن سۆزگە زىتتۇر. شۇنداقلا الله تعالىنىڭ: «مۇشرىكلار نىجىستۇر» دېگەن بۇ سۆزى ھەم يەنە بىر دەلىلدۇر. بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ مەسجىدلەرگە كىرىشىدىن توسۇلۇشىنىڭ ئىللىتى، سەۋەبى بولسا ئۇلارنىڭ مۇشرىك ئىكەنلىكى ۋە مۇشرىكلىك سەۋەبلىك نىجىس ئىكەنلىكى بولغان. شۇڭا مالىكىي مەزھىپىدىكىلەر: «ھەرقانداق مۇشرىك نىجىس، نىجىس بولغانلىقى ئۈچۈن مەسجىدگە كىرمەيدۇ» دەپ قارىغان. ھەنەفىي مەزھىپىدىكى ئالىملار: «كاپىرنىڭ مەيلى ھەرەمدىكى مەسجىدلەرگە بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن باشقا مەسجىدلەرگە بولسۇن، مەيلى ھاجەتسىز بولسۇن ياكى ھاجەتلىك بولسۇن كىرىشى دۇرۇس، چۈنكى بۇ ئايەتتىكى مەقسەت خۇددى ئىلگىرى (ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بايان قىلىنغانىدەك مۇشرىكلارنىڭ ھەج قىلىش ۋە ئۆمرە قىلىشىنى توسۇش، شۇڭا يەھۇدىي، ناسارالار مەسجىدىل ھەرامغا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلارغا كىرىشتىن چەكلەنمەيدۇ. پەقەت مۇشرىكلار ۋە بۇتپەرەسلەرلا مەسجىدىل ھەرامغا كىرىشتىن چەكلىنىدۇ» دەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئىمام رازى: «ﷲنىڭ <مۇشۇ يىلدىن كېيىن> دېگەن سۆزىدىن مەقسەت ـــ <مۇشرىكلارغا نىدا قىلىنغان شۇ يىلى (يەنى ھىجرەتنىڭ 9 ـ يىلى)دىن كېيىن> دېگەننى كۆرسىتىدىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھى يوق. مۇشرىكلارنىڭ مەسجىدى ھەرامغا كىرىشتىن چەكلىنىشى ھىجرەتنىڭ 10 ـ يىلىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ» دەيدۇ.

تۆتىنچى، بۇ ئايەتتىكى ﷲنىڭ ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىشى مۇتلەقتۇر. يەنى مۆئمىنلەرنى باي قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان نېئمەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ ئەڭ سەھىھ كۆزقاراش. بەزى مۇپەسسىرلەر: «بۇنىڭدىكى مەقسەت ـــ ئەھلى مۇسۇلمان بولغان شەھەرلەردىن مەككىگە ئائامنى ئېلىپ بېرىش. مەسىلەن، جىددە، سەنئا، ھۇنەين دېگەندەك جايلاردىكى مۇسۇلمان بولغان كىشىلەردىن مەككىگە ئائاملارنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى دەل <ﷲ خالىسا سىلەرنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ> دېگەن ئايەتتىكى بىھاجەت قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ﷲ تعالىنىڭ نېئمىتىنى مەقسەت قىلىدۇ، چۈنكى ﷲ تعالى ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلدى. ئۇلارنى مۇشرىكلارنىڭ قولىدىكى نەرسىدىن بىھاجەت قىلدى» دەيدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر: «ياق، <ﷲ سىلەرنى بىھاجەت قىلىدۇ> دېگەن ئايەتتىكى بىھاجەت قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان نېئمەتتىن بولغان مەقسەت ـــ جىزيە» دېگەن. بەزى ئالىملار: «مۆئمىنلەرنى بىھاجەت قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان نېئمەت فەي (يەنى كاپىرلاردىن چۈشكەن ئولجا)» دېگەن. ﷲ تعالىنىڭ: «ﷲ خالىسا سىلەرنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ> دېگەن بۇ سۆزى جەزمىيلىك بىلەن ئېيتىلغان، كەلگۈسىدە بولىدىغان غەيىب توغرىسىدىكى خەۋەردۇر. ئەمەلىيەتتە، ئىش ھەقىقەتەن ئاشۇ خەۋەرگە مۇۋاپىق يۈز بەردى، شۇڭا بۇ ئايەت مۆجىزىدۇر. بۇ ئايەتتە شۇنىڭغا دەلىل باركى، قەلب رىزىقنىڭ سەۋەبلىرىگە باغلىنىپ قالسا دۇرۇستۇر. بۇ ـــ تەۋەككۇلغا قارشى ئەمەستۇر. گەرچە رىزىق ئالدىنئالا تەقدىر قىلىنىپ بەلگىلەنگەن ۋە ﷲنىڭ بۇيرۇقى ۋە تەقسىماتى چوقۇم ئورۇنلىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ﷲ كىشىلەرنى ھەرىكەت قىلىشقا، ئەمگەك قىلىشقا ۋە ئەمەل قىلىشقا ئىتتىرىش ئۈچۈن ئۇ رىزىقنى سەۋەبلەرگە باغلاپ قويىدى، شۇڭا سەۋەبنى تۇتۇش تەۋەككۇلغا زىت كەلمەيدۇ. ئىمام بۇخارى توپلىغان رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇنىڭغا دەلىلدۇر: «رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: <ئەگەر سىلەر ھەقىقىي رەۋىشتە ﷲقا تەۋەككۇل قىلغان بولساڭلار ئىدى، ئەلۋەتتە، ﷲ تعالى سىلەرگە خۇددى ئەتىگەندە ئاچ قورساق چىقىپ، رىزىقلىنىپ، كەچتە توق قايتىپ كەلگەن قۇشقا ئوخشاش رىزىق بەرگەن بولاتتى>». ﷲ تعالىنىڭ: «ﷲ خالىسا» دېگەن سۆزى شۇنىڭغا دەلىلكى، رىزىق ئىنساننىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. «رىزىق» دېگەن ـــ ﷲ تعالى پەزلى ـ مەرھەمەت قىلىپ بېرىدىغان ۋە تەقسىمات قىلىشقا ئۆزى ئىگە بولغان نەرسىدۇر. ﷲ تعالىنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى بۇنىڭغا دەلىلدۇر: «بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق» (سۈرە زۇخرۇف 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

بەشىنچى، كۇففارلارنىڭ ئىسلام دىيارىدا تۇرۇپ قېلىشى

ئىسلام دىيارلىرى كۇففارلارنىڭ شۇ ئىسلام دىيارلىرىغا كىرىشى ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش ئېتىبارى بىلەن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1. مەككە تەۋەلىكىدىكى ھەرەم

«كاپىر مەككىگە تەۋە بولغان ھەرەمگە كىرىشتىن چەكلىنىدۇ». مانا بۇ ـــ ئىمام شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ سۆزىدۇر. ئۇلار ئايەتنىڭ زاھىرىغا ئەمەل قىلغان، شۇڭا كاپىرنىڭ ھەرەمگە كىرىشىگە يول قويمايدۇ. گەرچە ئۇ كاپىر ئۆزىنىڭ دۆلىتىدىن ئەلچى بولۇپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، پەقەت ئىمام (يەنى خەلىپە ياكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھاكىمى، سۇلتانى، رەئىسى) ياكى سۇلتاننىڭ نائىبى ھەرەمنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئەلچى بولۇپ كەلگەن شۇ كاپىرنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئاڭلايدۇ، ئەمما مالىكىي مەزھەپىدىكى ئالىملار مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنىڭ مەككە دائىرىسىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلغان، لېكىن ھەرەمگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىغان. ئۇلار: «مەككىگە كىرىشتە ئۈچ كۈنلۈك مۇددەتتىكى ئامانلىق بىلەن كىرىش دۇرۇس ياكى سۇلتان تەرىپىدىن مەلۇم (مەسىلەن، يوللارنى رېمونت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا، مۇسۇلمانلار قىلىپ بولالمايدىغان كاپىر قىلىدىغان ئىشلار... دېگەندەك) مەنپەئەتنى مۆلچەرلەپ تۇرۇپ شۇ ھاجەت مىقدارىدا تۇرۇشى دۇرۇس، بۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا تۇرالمايدۇ» دەيدۇ. ئەبۇ ھەنىفە رحمه الله بولسا كاپىرنىڭ خەلىپە، سۇلتان ياكى سۇلتاننىڭ نائىبىنىڭ ئىزنى ئارقىلىق ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مۇددەت شەرت ئاستىدا ھەرەمگە كىرىشىنى دۇرۇس دەپ قارىدى.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككىنچى زېمىنى بولغان ھىجاز

«ھىجاز» دېگىنىمىز ـــ ئۇزۇنلۇق جەھەتتە يەمەندىكى ئەدەن شەھىرىدىن ئىراق چېگرىلىرىغىچە بولغان، كەڭلىك جەھەتتە جىددە ۋە جىددىگە يانداشقان دېڭىز ساھىلىدىن شامنىڭ چېگرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىق «ھىجاز» دېيىلىدۇ. كاپىرنىڭ مانا بۇ ھىجاز زېمىنىغا سۇلتاننىڭ ئىزنى بىلەن ئۈچ كۈن مۇددەتلىك كىرىشى دۇرۇس. ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنهدىن شۇنداق نەقىل قىلغانكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن چوقۇم يەھۇدىي، ناسارالارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىرىۋېتىمەن. مەن ئۇ يەردە مۇسۇلماندىن باشقا ھېچكىمنى قويمايمەن» دېگەن. ئىمام مۇسلىم نەقىل قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ: «سىلەر مۇشرىكلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىرىۋېتىڭلار» دېگەن. شۇنىڭدەك ئىبنى ھەجەر رحمه الله جۇمھۇر ئۆلىمالاردىن نەقىل قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل قىلغان:

ئىمام ئەھمەد رحمه الله نەقىل قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىلەر يەھۇدىيلارنى ھىجازدىن چىقىرىۋېتىڭلار» دېگەن (ئىمام بۇخارى ۋە بەيھەقى توپلىغان). شۇنداقلا ئۆمەر رضي الله عنهنىڭ يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى ھىجازدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقى لېكىن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھەيدەپ چىقارمىغانلىقى ۋە يەمەن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تەۋەلىكىدە تۇرۇقلۇق ئۇلارنى يەمەندە ئولتۇراقلىشىشقا يول قويغانلىقىنى دەلىل قىلغان.

مالىكىي مەزھەپىدىكى ئالىملارنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان ئەمەس كىشىنىڭ ھىجاز ۋە يەمەندىن ئىبارەت ئەرەب يېرىم ئارىلىغا جايلىشىشى دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنهنىڭ ھەدىسى ئومۇمىي جەھەتتىن شۇنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە ئائىشە رضي الله عنهانىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلى ھەققىدە نەقىل قىلغان ھەدىسىمۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەدىستە دېيىلگەنكى: «ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىككى دىن جەملەشمەيدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك «موطأ» دېگەن كىتابتا زۆھرىيدىن مۇرسەل ھالەتتە نەقىل قىلغان. بۇ ھەدىس: «ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىككى دىن توپلاشمايدۇ» دېگەن لەۋزىدە كەلگەن.

3. قالغان ئىسلام يۇرتلىرىنىڭ ھەممىسى

دېمەك، كاپىرنىڭ ئىسلام يۇرتلىرىدا ئامانلىق بىلەن تۇرۇشى دۇرۇس. يەنى مەيلى سۇلتان تەرەپتىن بولسۇن ياكى يەككە مۇسۇلمان شەخس تەرەپتىن بولسۇن ئامانلىق ئېلىپ تۇرۇشى دۇرۇس، لېكىن مۇسۇلماننىڭ ئىزنىسىز مەسجىدلەرگە كىرىشى دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر كاپىر جۇنۇپ بولغان تەقدىردىمۇ مۇسۇلماننىڭ ئىزنى بىلەن مەسجىدكە كىرسە ۋە مەسجىدتە تۇرۇپ قالسا دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى كاپىرلار ئەينى زاماندا رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مەسجىدىگە كىرىشەتتى. شەك يوقكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە جۇنۇبلارمۇ بار ئىدى، شۇڭا ئىمام بۇخارى «مۇشرىكنىڭ مەسجىدكە كىرىشىنىڭ بابى» دەپ باب تۈزگەن.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

### تۆتىنچى ئاساس: ۋەدە ۋە ۋەئىد (ئازاب ۋەدىسى) تېكىستلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش

سەلەف سالىھ (ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە)نىڭ ئەقىدە پرىنسىپلىرى (ئاساسلىرى)نىڭ بىرى ـــ ۋەدە ۋە ۋەئىد تېكىستلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشتۇر. ۋەدە تېكىستلىرى دېگىنىمىز ـــ مەخسۇس ياخشىلىق ۋە ساۋاب ھەققىدە خەۋەر بەرگەن ئايەت ـ ھەدىسلەرنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ياخشىلىق ۋە ساۋاب بولسا ﷲ سبحان وتعالىنىڭ رەھمىتى، پەزلى، ئېھسانى ۋە سېخىيلىقىدىن كەلگەندۇر. ﷲ تعالىنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلارغا ساۋاب، ياخشى مۇكاپات ۋە مۇقىم نېئمەت بولغان جەننەتنى بېرىدىغانلىق ۋەدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم شەرئىي تېكىستلەر كەلگەن بولۇپ، بۇ ۋەدىنىڭ ئىشقا ئېشىشى مۇقەررەردۇر، ئورۇنلانماسلىقى مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇ ۋەدە بەندىلەرنىڭ ئۆز رەببى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر، چۈنكى ﷲ ئەززە ۋە جەللە ساۋابنى ئۆز ئۈستىگە پەرز قىلدى. ۋەدىنىڭ تەقەززاسى بولسا ئىماننى سۆز، ئەمەل ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىماننى بۇزىدىغان ھېچبىر ئىشنى قىلماسلىقتۇر.

ۋەئىد دېگىنىمىز ـــ يامانلىق ۋە جازادىن خەۋەر بېرىدىغان ئايەت ـ ھەدىسلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ۋەئىد (ئازاب ۋەدىسى) بولسا ﷲ تعالىنىڭ ئەدلى ـ ئادالىتى ۋە غەزىپىدىن كېلىپ چىققاندۇر. ئاسىي گۇناھكارلارغا ئازاب ۋە جازانى ۋەدە قىلىپ تەھدىت سالغان شەرئىي تېكىستلەر ئىنتايىن كۆپ كەلگەندۇر. ﷲنىڭ ئازاب ۋەدىسى بولغان ۋەئىدنىڭ تەقەززاسى بولسا ئېتىقاد جەھەتتە كۇفرىلىق ۋە ئەمەل جەھەتتە كاپىرلىق ياكى ئېتىقاد يا ئەمەل جەھەتتىكى چوڭ گۇناھلارنى ئىشلەشتىن ئىبارەتتۇر. ۋەدە (ﷲنىڭ ساۋاب ۋەدىسى) ۋە ۋەئىد (ﷲنىڭ جازا ۋەدىسى) دېگەن بۇ ئىككى نەرسىنىڭ ھەر ئىككىلىسى دۇنيادا بولۇشى مۇمكىن. ﷲ تعالى ياخشىلىق ياكى يامانلىق ۋەدە قىلغان بولسا (يەنى ۋەدە ۋەئىد قىلغان بولسا)، بۇ ۋەدە ۋەئىدنى بەزىدە دۇنيالىقىمۇ قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، قانداق بىر ئادەم ﷲنىڭ دىنىغا ياردەم بەرسە، ﷲ ئۇ كىشىگە بۇ دۇنيادا ياردەم بېرىدۇ دېگەندەك ياكى قانداق ئادەم مۇنداق مۇنداق قىلغان بولسا، ﷲ ئۇ كىشىنى بۇ دۇنيادا ئۇشتۇمتۇت ئازاب بىلەن جازالايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ جازالايدۇ دېگەندەك. دېمەك، ۋەدە ۋەئىد دۇنيادىمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئاخىرەتتىمۇ بولۇشى مۇمكىن شۇنداقلا ۋەدە ۋەئىدنىڭ ھەربىرى ھېسسىيمۇ بولىدۇ ياكى مەنىۋىمۇ بولىدۇ. ۋەدە ۋەئىد دېگەن بۇ نەرسە شەرتلىرى تولۇق تېپىلسا، توسالغۇلىرى يوقالسىلا چوقۇم يۈز بېرىدۇ. ئەگەر شەرتلىرىدىن بىرەر شەرت چالا قالسا ياكى توسالغۇلىرىدىن بىرەر توسالغۇ بوپ قالسا، بۇ چاغدا ﷲ ۋەدە قىلغان بۇ ۋەدىلەر ۋە ﷲ تەھدىت سالغان بۇ ۋەئىدلەر يۈز بەرمەي توختاپ قالىدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە بولسا ۋەدە ۋەئىد تېكىستلىرىگە جەزمىي ھالەتتە خۇددى ﷲ تبارك وتعالى تەرىپىدىن كەلگەن پېتىلا ئىمان كەلتۈرىدۇ، ھەرگىزمۇ بۇ تېكىستلەرنى تەئۋىل قىلمايدۇ. بەلكى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە بۇ ۋەدە ۋەئىد تېكىستلىرىنى ئۆزلىرىگە ھاكىم قىلىدۇ. چۈنكى ﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدِ افْتَرَى إِثْمًا عَظِيمًا﴾ «ﷲ ھەقىقەتەن ﷲقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ﷲقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ» (سۈرە نىسا 48 ـ ئايەت).

ﷲ تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾ «ﷲ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (ﷲ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ﷲقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ» (سۈرە نىسا 116 ـ ئايەت).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنداق ئېتىقاد قىلىدۇكى، بەندىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئېنىق ئەمەستۇر. يەنى بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ خاتىمىسىنىڭ قانداق تۈگەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. مۆئمىن كىشى ﷲ تعالىنىڭ تۇيدۇرماستىن تەدرىجى جەھەننەم ئازابىغا يېقىنلاشتۇرۇش ياكى گۇناھلىرى سەۋەبلىك ئازابلاشتىن ئىبارەت مىكرىدىن خاتىرجەم بولمايدۇ، (گۇناھكارلار ۋە كاپىرلار مىكىر قىلسا، ئالـلاھ ئۇلارغا قارشى مىكىر قىلىدۇ.) شۇنداقلا يەنە ئەگەر ئىمان، تەۋھىد ۋە سۈننەت ئۈستىدە سۆزى ۋە ھەرىكىتى بىلەن مۇستەھكەم تۇرىدىكەن، ﷲنىڭ رەھمىتىدىن ئەبەدىي ئۈمىد ئۈزمەيدۇ. بۇ ھەقتە ﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَبَشِّرِ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بەرگىن» (سۈرە بەقەرە 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى كۆرۈنۈشتە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇ جەھەننەم ئەھلىدىندۇر. يەنە بىر كىشى كۆرۈنۈشتە جەھەننەم ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر» (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ھەتتاكى ئۇنىڭ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىلىقى پەقەت بىر گەز قالغاندا ئۇنىڭغا يېزىلغان لەۋھۇلمەھپۇز غالىب كېلىپ جەھەننەم ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ ـ دە، جەھەننەمگە كىرىدۇ. يەنە سىلەرنىڭ بىرىڭلار دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ھەتتاكى ئۇنىڭ بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقى پەقەت بىر گەز قالغاندا تەقدىر (لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلگىنى) غالىب كېلىپ جەننەتنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ ـ دە، جەننەتكە كىرىدۇ» (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم نەقىل قىلغان). شۇڭا ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ نەزىرىدە ﷲنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە جەھەننەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ـــ ﷲنىڭ مىكرىدىن خاتىرجەم يۈرۈش بىلەن ﷲنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولۇش ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇراھال بولۇش ۋە ﷲنىڭ ئازابىدىن قورقۇش بىلەن ﷲنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇراھال بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە ﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُمْ كَانُوا يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَيَدْعُونَنَا رَغَبًا وَرَهَبًا وَكَانُوا لَنَا خَاشِعِينَ﴾ «ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى» (سۈرە ئەنبىيا 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

بۇ ھەقتە ﷲ تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُمْ كَانُوا يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَيَدْعُونَنَا رَغَبًا وَرَهَبًا وَكَانُوا لَنَا خَاشِعِينَ﴾ «شەك ـ شۈبھىسىز ئۇلار ياخشىلىققا ئالدىرايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ رەببىگە قىزىقىپ ۋە قورقۇپ تۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ. ئۇلار بىزدىن قورققۇچى بەندىلەردۇر» (سۈرە ئەنبىيا 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

(ﷲ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# غازاتلار تارىخى



(بېشى ئالدىنقىساندا)

ئىككىنچى، ئۇھۇد كۈنى يۈز بەرگەن ۋەقە-هادىسىلەردە مۇئمىنلەرگە تەسەللىي بېرىلگەنلىكى ۋە اللهنىڭ بۇ ئىشلاردىكى هېكمىتىنىڭ بايان قىلىنغانلىقى

الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر [141]. (ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) الله سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىهادنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ [142]. سىلەر ئۆلۈم (يەنى دۈشمەن) بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئارزۇ قىلاتتىڭلار، مانا ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار (ئەمدى نېمىشقا مەغلۇپ بولىسىلەر؟) [143]» (سۈرە ئال ئىمراننىڭ 141- ئايىتىدىن 143- ئايىتىگىچە).

الله تعالى مۇئمىنلەرگە شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، زەخىملىنىش ۋە ئۆلتۈرۈلۈش دېگەندەك ئىشلار دۈشمەنگە قارشى جىهاد قىلىشتا مۇئمىنلەرنىڭ جەسىتى ۋە تىرىشچانلىقىغا تەسىر كۆرسەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى مۇئمىنلەر جاراھەتلىنىش، ئۆلتۈرۈلۈش دېگەن مۇسىبەتلەرگە يولۇققان بولسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنىمۇ ئىلگىرى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇسىبەتكە يولۇققان. ئەگەر دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ شۇ باتىل يوللىرىدا تۇرۇپ، ئاقىۋىتى خەتەرلىك ۋە يامان تۇرۇپ جەڭدە ئۆلتۈرۈلۈش، جاراھەتلىنىش دېگەن هادىسىلەر سەۋەبلىك بوشىشىپ قالمىغان بولسا، ئۇنداقتا، مۇئمىنلەر ھەققە چىڭ ئېسىلغان ۋە ئاقىۋىتى گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈن يەتكەن جاراھەت، ئۆلتۈرۈلۈش دېگەن بۇ مۇسىبەتلەر سەۋەبلىك بوشىشىپ قالماسلىقى تېخىمۇ ھەقلىقتۇر.

«تفسير الكشاف»نىڭ مۇئەللىپى يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دۈشمەنلەر ئۇھۇد كۈنى سىلەرگە مۇسىبەت سالغان بولسا، سىلەرمۇ بەدر كۈنى ئۇلارغا مۇسىبەت سالغان ئىدىڭلار. سىلەرنىڭ بەدردە سالغان مۇسىبىتىڭلار بۇ كاپىرلارنىڭ قەلبىنى ئاجىزلاشتۇرالمىدى ۋە ئۇلارنىڭ سىلەرگە قايتا جەڭ باشلىشىدىن چېكىندۈرەلمىدى. بۇنداق بولغان ئىكەن، سىلەر بوشىشىپ قالماسلىقتا، ئاجىزلىشىپ قالماسلىقتا ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ھەقلىق».

ئىبنى ئابباس رضي الله عنه يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇھۇد كۈنى بەدر كۈنىنىڭ باراۋىرىدە بولدى. يەنى ئۇھۇد كۈنى مۇئمىنلەر ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. الله تعالى ئۇلاردىن شەھىدلەرنى تاللىۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدر كۈنى مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلدى. غەلىبە كاپىرلارنىڭ زىيىنىغا مۇئمىنلەرنىڭ پايدىسىغا بولدى. الله تعالى ئۇھۇد غازىتىدا يۈز بەرگەن هادىسىلەرنىڭ تۆت خىل هېكمىتىنى بايان قىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. الله تعالىنىڭ ئىلمىي ئەزەلىيسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ۋە الله تعالىنىڭ بۇنى مۇئمىنلەرگە ئاشكارا قىلغانلىقى.

2. الله تعالىنىڭ بەزى مۇئمىنلەرنى ئالىي دەرىجىگە يەتكۈزىدىغان شەھىدلىك مەرتىۋىسى بىلەن ھۆرمەتلىگەنلىكى.

3. الله تعالىنىڭ مۇئمىنلەرنى گۇناھلاردىن ۋە مۇناپىقلاردىن پاكلاپ خالاس قىلغانلىقى.

4. الله تعالىنىڭ كاپىرلارنى تەدرىجى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىماقچى بولغانلىقى».

ئۈچىنچى، مۇسۇلمانلار جامائىتى ۋە مۇجاھىدلار جامائىتىنىڭ ئۆزلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى قانداق داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ كۆرسىتىپ بېرىلگەنلىكى

قۇرئان كەرىم ئۇھۇد كۈنى مۇسۇلمانلارغا يەتكەن مۇسىبەتنى ئىنتايىن يۇمشاقلىق بىلەن بايان قىلدى، لېكىن بەدردە نازىل بولغان ئايەتلەر بۇنداق ئۇسلۇبنى قوللانمىغان ئىدى. چۈنكى غەلىبە قىلغانلارنىڭ ئۆز خاتالىقلىرىدىن هېساب ئېلىش ھەققىدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى مەغلۇپ بولغانلاردىن هېساب ئېلىشقا قارىغاندا قاتتىقراق بولغان ئىدى. الله تعالى بەدر غازىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. الله غالىبتۇر، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [67]. اللهنىڭ (ئولجا ۋە ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش) ھۆكمى ئەزەلىيسى بولمىسا، (ئۇچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىيسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار [68]» (سۈرە ئەنفال 67- ۋە 68- ئايەت).

ئارقىدىن الله تعالى ئۇھۇد غازىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر (ئى اللهنىڭ بەندىلىرى! مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىڭلار، مەن رەسۇلۇللاھتۇرمەن، كىمكى جىهاد مەيدانىغا قايتسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ دەپ) ئارقاڭلاردىن سىلەرنى چاقىرىپ تۇراتتى، سىلەر ھېچ كىشىگە قارىماي قاچاتتىڭلار، (بۇنىڭدىن كېيىن) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە (يەنى غەنىيمەتكە)، بېشىڭلارغا كەلگەن مۇسىبەتكە (يەنى مەغلۇبىيەتكە) قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى (يەنى سىلەرنى غەنىيمەتتىن مەھرۇم قىلغاننىڭ ئۈستىگە مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى). الله قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر» (سۈرە ئال ئىمران 153- ئايەت).

مانا بۇ ئايەتلەردە ئەمەلىي هېكمەت ۋە قۇرئانىي بىر تەربىيە بار بولۇپ، بۇ — ئىسلام ئەھلىنى تەربىيىلەيدىغان تەربىيەتچى كىشىلەر ۋە مۇسۇلمان خەلققە كۆرسەتمە بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانلار رىئايە قىلىشى زۆرۈر بولغان هېكمەت ۋە تەربىيىدۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پەرقلەر تارىخى



## هازىرقى زامان مۇرجىئەلىرى

**بسم الله الرحمن الرحيم**

كىرىش سۆز

**الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على خاتم الأنبياء والمرسلين وبعد:**

ئى ئوقۇرمەن! (الله بىزگە ۋە ساڭا رەھمەت قىلسۇن) شۇنى بىلگىنكى، بۈگۈنكى كۈندە بىز ئىلمىنى ۋە دەۋەتچىلىكنى دەۋا قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھەققىدە جىق سۆزلەرنى ئۇچرىتىۋاتىمىز. بۇ سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: «دىنىدا ھېچبىر ئەمەل ياكى ھېچبىر سۆز كىشىنى كاپىرغا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. دىنىدا ھېچبىر مۇسۇلمان ھېچقانداق سۆز ياكى ھېچقانداق ئەمەل بىلەن كاپىر بولمايدۇ، پەقەت شۇ سۆز ياكى شۇ ئەمەلنى كۇفرى ئېتىقادقا باغلىغاندىلا ئاندىن كاپىر بولىدۇ. ئەگەر كىشى ئېتىقادتا كاپىر بولمايدىكەن، سۆز ياكى ھەرىكەت بىلەن كاپىر بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ سۆزدىن نامازنى مۇستەسنا قىلىپ چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى بۇ سۆزدىن نامازنى مۇستەسنا قىلىپ چىقىرىشقا ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق ئەقىلى رضي الله عنهنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ساھابىلىرى ھېچبىر ئەمەلنى تەرك ئەتكەن كىشىنى كاپىر دەپ قارىمايتتى، لېكىن نامازنى تەرك ئەتكەن كىشىنى كاپىر دەپ قارايتتى» (ئىمام تىرمىزى نەقىل قىلغان). ئۇلار يەنە ھەممىگە مەشھۇر بولغان:

«ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ھەرقانداق بىر گۇناھنى ئىشلىسە، شۇ گۇناھنى ھالال سانىمىسىلا كاپىر دېمەيمىز (كاپىرغا چىقارمايمىز)» دېگەن مۇشۇ داڭلىق سۆزنى ھۆججەت قىلىشىدۇ. ئۇلار (يەنى شۇ ئۆزىنى دەۋەتچى، ئىلىم ئەھلى دەپ دەۋا قىلغانلار) نىڭ بەزىسى بۇ سۆزنى «رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ھەدىسى» دەپ ھەدىس ئورنىدا كەلتۈرۈشىدۇ.

خۇلاسە گەپ شۇكى، بىز ئەنە شۇ ئۆزىنى ئىلىم ئەھلى، دەۋەتچى دەپ دەۋا قىلغان كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتۇق. ئۇلارنىڭ تۈزگەن قائىدىلىرىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ۋە ئۇ قائىدىلەرگە مۇخالىپ كېلىدىغان بەزىبىر مىساللارنى كەلتۈرۈشتۇق. مەسىلەن، الله ياكى اللهنىڭ رەسۇلىنى تىللاش، دىنىنى مەسخىرە قىلىش، بۇت ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرگە سەجدە قىلىش دېگەندەك بىر تۈركۈم كۇفرى ئىشلارنى، يەنى بىر كىشى مۇشۇ ئىشلارنىمۇ ھالال سانىغاندا ئاندىن كاپىر بولامدۇ؟ مۇشۇ كۇفرى ئىشلارنى سادىر قىلغان بىر مۇسۇلمان ئۇنى ھالال سانىمىغۇچە كاپىر بولمامدۇ؟ («سەلەف سالىھلار مۇشۇنداق كىشىلەرنى كاپىر دەيتتىغۇ» دېگەن مەقسەتتە) دېگەندەك مىساللارنى كەلتۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ مىسالغا جاۋابەن: «دىنىنى مەسخىرە قىلىش، بۇتقا سەجدە قىلىش، الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنى تىللاش دېگەندەك بۇنداق سۆز ۋە ھەرىكەتلەر پەقەت ئېتىقادتىلا سادىر بولىدۇ. مەسىلەن، الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنى تىللىغۇچى ياكى دىنىنى مەسخىرە قىلغۇچى ۋە ياكى بۇتقا سەجدە قىلغۇچىنىڭ كۆڭلىگە چوقۇم دىنىنى، دىنىنىڭ قانۇن-ئەھكاملىرىنى كۆزگە ئىلماسلىق دېگەندەك بىر تۈركۈم قەلب ئېتىقادلىرى يوشۇرۇنغان، مانا بۇ ئېتىقاد شۇ كىشىنى اللهنى تىللاشقا، دىنىنى مەسخىرە قىلىشقا ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان كۇفرى سۆز ۋە ھەرىكەتلەرگە ئىتتىرگەن، شۇڭا بۇ كۇفرى ئەمەلنىڭ ئۆزى ئەمەس، اللهنى تىللاش، دىنىنى مەسخىرە قىلىش دېگەن ئەمەللەرگە ئىتتىرگۈچى قەلبتىكى سەۋەب (يەنى ئېتىقاد) كۇفرىدۇر. شۇڭا ھېچبىر ئەمەللەرگە مۇشۇ ئېتىقادنى باغلىماي تۇرۇپ كۇفرى دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ» دېيىشتى.

ئى ئوقۇرمەن! شۇنى بىلگىنكى، بۇ مەسىلىنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولسا تاغۇتقا ھۆكۈم قىلدۇرۇش، تاغۇتقا ھۆكۈم سۇنۇش ۋە ئەرز قىلىش ھەققىدە قوزغالغان مەسىلىدۇر. مانا مۇشۇ «<تاغۇتقا ھۆكۈم قىلدۇرۇش> دېگەن ئىشنى قىلغۇچى كىشى اللهنىڭ ھۆكۈمىنى ئىنكار قىلمىسا ياكى ئۇنى قەلبتە ۋە ياكى ئېغىزدا ھالال سانىمىسىلا كاپىر بولمايدۇ» دېگەن سۆز ئەنە شۇ ئىلىم دەۋاسىنى قىلغان ۋە ئۆزىنى «دەۋەتچىمەن» دېگەن كىشىلەرنىڭ ئاساسلىنىدىغان سۆزىدۇر. ئۇلار: «تاغۇتقا ئەرز قىلىش ۋە تاغۇتقا ھۆكۈم قىلدۇرۇش كۇفرى ئىش ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى ئارقىلىق الله بىلەن بىرگە قانۇن تۈزگۈچى بولۇۋالغان زامانىمىز تاغۇتلىرىنى كاپىرغا چىقارماسلىقنى مەقسەت قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى اللهنى تىللاش، دىنىنى مەسخىرە قىلىش، بۇتقا سەجدە قىلىش دېگەندەك كۇفرى سۆز ۋە ئەمەللەر ھەققىدە «ئىنكار قىلىش» ۋە «ھالال ساناش» دېگەن شۇ قەلبىي ئېتىقادلارنى «كۇفرى» دەپ بېكىتىشىدۇ. ئۇلار «تاغۇتقا ھۆكۈم قىلدۇرۇش، الله بىلەن بىرگە قانۇن چىقىرىش، اللهنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلىش، اللهنىڭ شەرىئىتىنى تىللاش، اللهنىڭ غەيرىگە سەجدە قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۇفرى سۆز ۋە كۇفرى ھەرىكەتلەر ئۆز ئالدىغا كۇفرى ئەمەس، بەلكى بۇ نەرسىلەرنى ھالال سانىسا ئاندىن كۇفرى بولىدۇ» دېگەن ئېتىقادنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق زامانىمىز تاغۇتلىرىنى ۋە شۇ تاغۇتلارغا قۇلچىلىق قىلغان كىشىلەرنى قوغدىماقچى بولىدۇ. مەن ئىلگىرى: «دەلىللەردىن خالىي بولغان بۇ رەزىل سۆز پەقەت ئۆزىنىڭ ئازراق ئىلمىدىن مەغرۇرلىنىدىغان بەزى كىشىلەرگىلا مەنسۇپ» دەپ ئويلايتتىم، لېكىن كېيىن ئۆزىنى «مەن ئىلىم ئەھلى»، «مەن دەۋەتنىڭ پىشىۋاسى» دەيدىغان، ئاۋام خەلق ۋە ئومۇمىي كىشىلەر ئارىسىدا بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىنىدىغان ئالاھىدە داڭلىق كىشىلەرنىڭمۇ مانا بۇ كېسەل چۈشەنچىنى قوللايدىغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار ئەنە شۇ مۇرتەد ھاكىم، سۇلتان، پرېزىدېنت، پادىشاھ دېگەنلەردىن ئىبارەت تاغۇت ۋە دىن دۈشمەنلىرىنى قوغداش ئۈچۈن مۇنازىرە قىلىپ، مانا بۇ كېسەل چۈشەنچىلەرنى كەڭ بازارغا سالدۇ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردۇ. شۇڭا مەن بۇ شۇبھىلەرنى بىتچىت قىلىش ۋە ئۇنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن بۇ كىتابچىنى يېزىشقا ئالدىرىدىم. مەن بۇ ھەقتە الله تعالىدىن مۇشۇ كىتابچە ئارقىلىق باشقىلارغا پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى، مانا بۇ ئەمەللىرىمنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشنى سورايمەن. الله نېمىدېگەن ياخشى ئىگە ۋە نېمىدېگەن ياخشى يارده‌مچى-ھە!

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ئىسلام ۋە بۈگۈنكى دۇنيا

## كۆپلىگەن تۈركلەر ۋە بىر قىسىم ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدىكى بەزىبىر ئويدۇرمىلار

بۇ ئويدۇرمىلار بولسا «ئەرەبلەر بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تۈركلەرگە خىيانەت قىلغان» دېگەندىن ئىبارەت. مانا بۇ ئويدۇرمىلاردا شەرىف ھۇسەيىننىڭ ئوسمانىيلار سۇلتانلىقىغا قارشى ئىنگلىزلار بىلەن بولغان قەسەمداشلىقى (ئىتتىپاقداشلىقى) توغرىسىدا: «دەسلەپتە شەرىف ھۇسەيىننىڭ قوشۇنىنىڭ سانى پەقەت 4000 بولۇپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا تەخمىنەن 30000 غا يەتكەن» دېيىلىدۇ. دەرۋەقە، تۈرك ئارمىيىسىنىڭ سانى 300 مىڭ بولۇپ، ئۇلاردىن 70 مىڭى ئەرەب ئەسكەر ئىدى. ئۇلار ئىستانبولنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلگەن ئەمەسمۇ!؟ ئەجەبلىنەرلىك ئىش شۇكى، ئوسمانىيلار دۆلىتىنىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە، ئوسمانىيلار دۆلىتىنى مۇداپىئە قىلىپ، قوغداپ جەڭ قىلغان يۇقىرىقى 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ نامى، خاتىرىسى، تارىخى ياكى ۋەقەلىكى قاتارلىقلار يېزىلمىغان. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئىراق ئەمىرلىكى ھەققىدە ھېچقانداق نەرسە تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمەلىيەتتە ئىراق ئەمىرلىكى ئوسمانىيلار ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە يانمۇيان تۇرۇپ جەڭ قىلغان. بۇ ئارمىيىگە ئەجەمى پاشا سەئدۇن دېگەن كىشى قوماندانلىق قىلغان ئىدى.

يەنە ئال رەشىد دۆلىتى توغرۇلۇقمۇ ھېچنەرسە تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمەلىيەتتە ئال رەشىد ئەمىرلىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدا توسۇق بولۇپ تۇرغان ۋە ئوسمانىيلار سۇلتانلىقىنىڭ ئارمىيىسى بىلەن تۆت يىل تولۇق بىرلىكتە جەڭ قىلغان.

پەخرىددىن پاشا دېگەن كىشى بىلەن بىللە بولغان ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ سانى ھەم تولۇق تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمەلىيەتتە پەخرىددىن پاشا بىلەن بىللە بولغان بۇ ئەرەب قەبىلىلىرى مەدىنە- مۇنەۋۋەر ۋە ھىجاز ئالدىنقى سەپلىرىدە ئوسمان سۇلتانلىقى ئارمىيىسى بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى بىرلىكتە جەڭ قىلغان. بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش شۇكى، لىۋىيىدىكى سەنۇسى ئەمىرلىكى توغرىسىدا ھېچنەرسە تىلغا ئېلىنمىغان. لىۋىيىدىكى سەنۇسى ئەمىرلىكى ئوسمان سۇلتانلىقى ئارمىيىسى بىلەن مىسىردىكى ئىنگلىز ئارمىيىسىگە قارشى بىرلىكتە جەڭ قىلغان.

يەنە ئاشۇ ئوسمانىيلارنىڭ تارىخىي ھۆججىتىدە، ئوسمانىيلار دۆلىتى بىلەن بىرلىكتە يانمۇيان تۇرۇپ جەڭ قىلغان سۇداننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دارفۇر سۇلتانلىقى توغرىسىدا ھېچنەرسە تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمەلىيەتتە بۇلار مىسىردىكى ئىنگلىزلارغا قارشى جەڭ قىلغان كىشىلەر ئىدى. يەنە شۇ دارفۇرنىڭ سۇلتانى ئەلى ئىبنى دىنار مۇشۇ ئۇرۇش جەريانىدا شەھىد قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەب قوماندانلىرى ھەققىدىمۇ ھېچنەرسە تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ ئەرەب قوماندانلىرى تۈركىيىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكراقى شەيخ ئەھمەد سەنۇسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شۇ ھۆججەتتە تىلغا ئېلىنماي قالغان يۇسۇپ ئەزمەت دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشىمۇ ئوسمان ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلغان. شۇنىسى ئېنىقكى، «ئەرەبلەر خىيانەت قىلغان» دەپ ئەرەبلەرنىڭ خىيانىتىنى سۆزلەيدىغان كىشىلەر ئۆز ۋاقتىدىكى ئىلمانىزمچى مۇستاپا كامالچىلارنىڭ پارتىيىسى بولغان «بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى» بىلەن «تۈرك ياشلار پارتىيىسى» دېگەن پارتىيىلەرنىڭ قوماندانلىرى ئىدى. ئەمەلىيەتتە تۈرك قوماندانلىرىنىڭ ھەممىسى ئەرەبلەر بىلەن تۈركلەرنىڭ ئۆزئارا سەممىي- سادىق بولۇپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى بىرلىكتە جەڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىشىدۇ. شۇ ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكراقى شام، ھىجازدىكى تۆتىنچى ئارمىيىنىڭ قوماندانى جامال پاشا ئىدى. بىز ئۇ كىشىنىڭ ئەسلىمە خاتىرىلىرىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا شۇنى كۆرىمىزكى، ئۇ ئەرەب جەڭچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئالاھىدە قىسىم قۇرۇپ چىققان ۋە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئەرەب ئەسكەرلەردىن بولغان. ئۇرۇش جەريانىدا ئوسمان ئارمىيىسى ئىچىدىن بىرمۇ ئەرەب ئەسكەرنىڭ قاچقانلىقى خاتىرىلەنمىگەن. پەخرىددىن پاشا دېگەن كىشىنىڭ ئەسلىمە خاتىرىلىرىدە، مەدىنە- مۇنەۋۋەر دۈشمەنلەر تەرىپىدىن مۇھاسىرىدە قالغان پەيتلەردە «ئال رەشىد» (يەنى رەشىد ئاھالىسى)نىڭ ئوسمانىيلار سۇلتانلىقىنى قاتتىق قوللىغانلىقى ۋە ئۇلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملەشكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. پەخرىددىن پاشا دېگەن كىشىگە ياردەمچى بولۇپ ئىشلىگەن تۈرك ئوفتىسېر ناجى كەشمىننىڭ ئەسلىمە خاتىرىلىرىدە شۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى پەخرىددىن پاشا بىلەن بىرگە ئىدى».

ئىنچىكە تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا شۇنى كۆرىمىزكى، ئىستانبول ھىجاز، يەمەن قاتارلىق يۇرتلار قولدىن كېتىشتىن بۇرۇن قولدىن كەتكەن ئىدى. مانا بۇ شۇنىڭغا دەلىلكى، ئىستانبولدىكى خىيانەت ئوسمانىي دۆلىتىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى خىيانەتتىن كۆپ بولغان. تارىخ مانا شۇنداق بۇرمىلىنىپ كېتىۋېرىدۇ، بىز غاپىل يۈرۈۋېرىمىز.

ـــ سەئدۇللا كەيلان

## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟
ئاغزى بار جېنى يوق،
قۇيرۇقى بار يۈكى يوق.
يۈگۈرىدۇ ئاق يەردە قالدۇرىدۇ قارا ئىز،
قوش تىلىدىن شۇ زامان تۆكۈلىدۇ سۆز.

2. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى قېنى كىم تاپالايدۇ؟
ئاق كىمە، ئاپئاق كىمە،
سۇدا ئۈزەر بۇ كىمە.
سېرىق تۇمشۇق كەڭ تاپان،
ئېيتىڭلارچۇ بۇ نىمە؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:
1. ئىشرىق.
2. تىل.

# جىھاد چەشمىلىرى

■ خىتاي خەلق تورى ئۇيغۇرچە قانىلىنىڭ 3- ئاينىڭ 18- كۈنىدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋزىيە كومىتېتى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ سابىق ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىرى، دۆلەت ئېنېرگىيە ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ سابىق شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى نۇر بەكرى ئاچكۆزلۈك قىلىپ جەمەت خاراكتېرلىك چىرىكلىشىش، ۋەزىپىسى ياكى مەرتىۋىسىدىكى قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈش، خىزمەت يۆتكىلىش، كارخانا تىجارىتى، قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ، بىۋاستە ياكى باشقا تۇغقانلىرى ئارقىلىق زور سومىلىق مال- مۈلۈكلەرنى قانۇنسىز قوبۇل قىلىش، باشقىلاردىن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆزاققىچە ھەقسىز ئالىي دەرىجىلىك ماشىنا، مەخسۇس شوپۇر قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلىش، ئىنتىزامغا ئاشكارا خىلاپلىق قىلىش، كۆپ قېتىم بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئالىي دەرىجىلىك زىياپەتلەرنى قوبۇل قىلىش، زور سومىلىق پارا ئېلىش، ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، ھوقۇق ۋە سەتەڭ سودىسىغا بېرىلىش دېگەن جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلىنىپ تەپتىش ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ھەمدە بارلىق مال- مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ ھوقۇق- مەنسەپلىرىدىن پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلانغان ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان.

قوش تىل مائارىپىنى يولغا قويغان ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان: تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان زالىم سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىدە كۆزۈرۈكلۈك رول ئوينىغان: شۇنچە يىللاردىن بېرى خىتاي كومپارتىيىسىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان خائىن نۇر بەكرىمۇ تاجاۋۇزچى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش سىياسىتىدىن ئامان قالمىغان.

■ سۈرىيە مۇجاھىدلىرىنىڭ يېقىنقى 20 كۈن ئىچىدە ئەسەد ئەسكەرلىرىگە قارىتا ئېلىپ بارغان «وَيَشْفِ صُدُورَ قَوْمٍ مُّؤْمِنِينَ» ناملىق جەڭ ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

ئەسەد ئەسكەرلىرىگە ياردەمگە كەلگەن شىئە ۋە رۇس ئەسكەرلىرىدىن جەمئىي 100 دىن ئارتۇقى ئۆلۈپ، 75 تىن ئارتۇقى يارىلانغان. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە «كەتىبە ئەلمەھجۇرا» نۇقتىسىدا مەرگەن قورالى ئارقىلىق 16 نەپەر ئەسەد ئەسكىرى ۋە تۆت نەپەر رۇس قەنناسچىسى ئۆلتۈرۈلگەن؛ جەبەل تۈركمەندىكى ئەسەد قوشۇنلىرىنىڭ نۇقتىسىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇمدا 34 نەپەر ئەسەد ئەسكىرى ۋە بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇل ئۆلتۈرۈلگەن؛ دىيار ماخارادىكى ئەسەد ئەسكەرلىرىنىڭ نۇقتىسىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان پىدائىيلىق ھۇجۇمىدا 25 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن؛ ئەبۇ زۇھۇر ئەتراپىدا باشقۇرۇلىدىغان تاۋ راكېتاسى ئارقىلىق 10 نەپەر ئەسەد ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلگەن؛ بۇ ھۇجۇملادا دىيار ماخارادىكى ئەسەد ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانلىق شتابى، ھەلەب شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقان ئەسەد ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي ئاكادېمىيىسى، جۈرىن ھەربىي بازىسى، جەبەل تۈركمەن، ماسياف ۋە سەۋران قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلار نىشانغا ئېلىنغان.

■ 3- ئاينىڭ 15- كۈنى يېڭى زېللاندىيىنىڭ كرىست چىرچ شەھىرىدىكى ئىككى مەسجىدتە جۈمە نامىزىدىن قايتىۋاتقان مۇسۇلمانلار قوراللىق ھۇجۇمغا ئۇچرىغان. بۇ ھۇجۇمدا 49 نەپەر مۇسۇلمان ھاياتىدىن ئايرىلىپ، 48 نەپەر مۇسۇلمان يارىلانغان. يارىلانغانلارنىڭ ئىچىدە باللارمۇ بار ئىكەن.

ئاۋستىرالىيىلىك 28 ياشلىق بىرانتون تارانت بۇ تېررورلۇق ھۇجۇمنى باش كامېراسى ئارقىلىق تارتىپ نەق مەيداندىن توردا تارقاتقان بولۇپ، يېڭى زېللاندىيە ساقچىلىرى بىرانتون تارانت ۋە باشقا ئۈچ نەپەر كىشىنى قولغا ئالغان.

جاۋاپكار بىرانتون تارانتنىڭ تېررورلۇق ھۇجۇمىدا ئىشلەتكەن قورالى ۋە باشقا ئەسۋابلىرىغا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ دۈشمىنى بولغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەرنىڭ يىل نامىلىرى يېزىلغان ئىكەن.

■ 3- ئاينىڭ 4- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 16- كۈنىگىچە ئافرىقا قىتئەسىدىكى بىر قانچە دۆلەتلەردە قۇيۇن ئاپىتى يۈز بەرگەن. بۇ قۇيۇن «ئايداي» دەپ ئاتالغان بولۇپ، 3- ئاينىڭ 14- كۈنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، سائەتلىك سۈرئىتى 195 كىلومېتىرغا يەتكەن.

«ئايداي» قۇيۇنى ماداغاسقار، موزامبىك، مالاۋى ۋە زىمبابۋې قاتارلىق دۆلەتلەرگە تەسىر قىلىپ كەلكۈن ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ھازىرغا قەدەر قازا قىلغانلارنىڭ سانى 431 نەپەر، يارىلانغانلارنىڭ سانى 2000 نەپەردىن كۆپ ئىكەن. موزامبىكتا 268 نەپەر، زىمبابۋېدا 104 نەپەر، مالاۋىدا 56 نەپەر، ماداغاسقاردا ئۈچ نەپەر ئادەم قازا قىلغان بولۇپ، جەمئىي ئىككى مىليون 600 مىڭ ئادەم بۇ ئاپەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

موزامبىك پرېزىدېنتىنىڭ دېيىشىچە، بۇ قۇيۇن ئاپىتىدە موزامبىكتا ئاز دېگەندە 1000 نەپەر ئادەم قازا قىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

«ئايداي» قۇيۇنى بولسا جەنۇبىي يېرىم شار رايونىدىكى ئەڭ چوڭ تەبىئىي ئاپەت ھېسابلىنىدۇ.

■ 3- ئاينىڭ 17- كۈنى پەلەستىننىڭ غەربىي رايونىدا پەلەستىنلىك ئۆمەر ئەبۇ لەيلا ئىسىملىك 19 ياشلىق بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز بىر نەپەر تاجاۋۇزچى يەھۇدىي ئەسكىرىنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈپ قورالىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، شۇ رايوندا كېتىۋاتقان 47 ياشلىق «ئەھىيەد ئېتىنگېر» ئىسىملىك بىر نەپەر يەھۇدىينى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ۋە يەنە بىر نەپەر يەھۇدىي ئەسكەرنى يارىلاندۇرغان. بۇ ئەمەلىيەتتىن كېيىن يەھۇدىي ئەسكەرلىرى بۇ قېرىندىشىمىزنى ئىككى كېچە- كۈندۈز ئىزدىگەن بولۇپ، 3- ئاينىڭ 19- كۈنى ئۆمەر ئەبۇ لەيلا ئۇلار بىلەن ئېتىشىش جەريانىدا (إن شاء الله) شەھىد بولغان.

■ ھىندونېزىيىنىڭ شەرقى رايونىدا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن بولۇپ، 3- ئاينىڭ 19- كۈنى ھاياتىدىن ئايرىلغانلانىڭ سانى 89 نەپەرگە يەتكەن، 150 دىن كۆپ ئادەم يارىلانغان، ئاز دېگەندە 74 نەپەر ئادەم ئىز- دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن. شۇ رايوندىكى 12 مىڭ نوپۇس ئاپەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

■ 3- ئاينىڭ 22- كۈنى (جۈمە) دانىيىنىڭ «Stram Kurs» نامىدىكى ئىرقچى پارتىيىنىڭ باشلىقى راسمۇس پالادۇن يېڭى زېللاندىيىدىكى مەسچىتكە ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىدىن كېيىن، دۇنيا پارلامېنت بىناسى ئالدىدا ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرۈپ جۈمە نامىزى ئوقۇۋاتقان مۇسۇلمانلارغا قارشىلىق بىلدۈرگەن.

■ 3- ئاينىڭ 23- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇدا ئەمگەك مىنىستىرلىقى بىناسى ۋە ئاممىۋى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىناسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان.

مۇجاھىدلار بۇ ھۇجۇمدا مىنىستىرلىقتىكى 15 نەپەر ئەمەلدارنى ئۆلتۈرگەن ۋە 26 نەپەر ئەمەلدارنى يارىلاندۇرغان. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئەمگەك مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەكىلى ساكىر ئىبراھىم؛ يارىلانغانلارنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئابدۇلۋەلى جامىمۇ بار ئىكەن.

■ 3- ئاينىڭ 24- كۈنى يەمەن مۇجاھىدلىرى بەيدا ۋىلايىتىنىڭ زاھىر رايونىدا ھۇسى شىئەلىرىنىڭ ماشىنىسىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئىككى نەپەر ھۇسى ئەسكىرى ئۆلۈپ، بىر نەپىرى يارىلانغان.

■ 3- ئاينىڭ 25- ۋە 26- كۈنلىرى جامائىتىمىز مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ غاب تۈزلەڭلىكىنىڭ ئالدىنقى سەپ نۇقتىسىدا ئىككى نەپەر ئەسەد ئەسكىرىنى مەرگەن قورالى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

■ تيانشان تورىنىڭ 3- ئاينىڭ 27- كۈنىدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، بۇ يىل 4- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن باشلاپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى يۆنىلىشلىرىگە 21 دانە نۆۋەتچى پويىز كۆپەيتىلىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇدىن كورلىغىچە قاتنايدىغان نۆۋەتچى پويىزدىن تۆتى، ئاقسۇدىن قەشقەرگىچە قاتنايدىغان نۆۋەتچى پويىزدىن ئىككىسى كۆپەيتىلگەندىن سىرت، ۋىلايەت ۋە شەھەرلەر ئارا قاتنايدىغان نۆۋەتچى پويىزلارمۇ كۆپەيتىلىدىكەن.

بۇ بولسا تاجاۋۇزچى خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قاتناش ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش باھانىسىدا تۈركىستانغا خىتايلارنى يۆتكەشتىن ئىبارەت رەزىل سىياسىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

■ مۇشۇ ھەپتە ئىراننىڭ جەنۇب ۋە غەربىي رايونلىرىدا قاتتىق يامغۇر سەۋەبىدىن كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 23 كە؛ يارىلانغانلارنىڭ سانى 200 گە يەتكەن.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەممىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ- قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته